3413

4

# غۇلجا شەھەر

# تارىخ ماتېرىياللىرى

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى
غ ش كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى

# غۇلجا شەھەر تارىخ ماتېرىياللىرى

# 4

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى غ.ش
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى

باش مۇھەررىر: گوشۇنفا
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: كېرىمجان تۇردى
مەسئۇل مۇھەررىر: ماۋنيۇەن

(ئىچكى جەھەتتە تارقىتىلىدۇ)

بېسىشقا رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسى (ش.ن) 1834
«ئىلى گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
تىراژى: 600 _ 1
1997- يىلى، 7- ئاينىڭ 1- كۈنى

滙编文史
促进两个文明建设

李寿庄
九七年六月

تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاپ ئىككى
مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرەيلى

لى شۇجۇاڭ

97- يىلى 6- ئاي

认真搜集和出版好文史资料，为社会稳定和两个文明建设做出新贡献。

布拉提·吾买尔

一九九七年六月四日

تارىخي ماتېرىياللارنى ئەستايىدىل ئىزدەپ، ياخشى توپلاپ، نەشر قىلىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئىككى مەدەنىيەت ئۈچۈن يېڭى تۆھپىلەرنى قوشايلى

پولات ئۆمەر

1997- يىل 6- ئاينىڭ 4- كۈنى

此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

# مۇندەرىجە

تارىخي ماتېرىياللىرى بۇ سانىنىڭ نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشى ھەققىدە بىر ئىككى
ئېغىز سۆز ..................................................
سىياسىي كېڭەش غۇلجا شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى ... گۇشۇنفا (1)
غۇلجا شەھەرنىڭ مەمۇرىي رايونلارغا بۆلۈنۈش ئەھۋالى... خۇاڭ داچاڭ (3)
چېگرا ساقلاش بوز يەر ئېچىش دېھقانچىلىق قىلىش خىزمەت ئەترىتىنىڭ غۇلجىغا
كېلىشى .................................................. ۋاڭ يىڭجىڭ (14)
غۇلجا شەھەر تەۋە رايوندا ئېلىپ بېرىلغان يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىنىڭ
تەنتەنىلىك ۋەزىيىتى ھەققىدە ئەسلىمە. .................... نىزىكوي (37)
غۇلجا شەھەرلىك تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ بۈگۈنى ۋە ئۆتمۈشى ...... (45)
باياندايىنىڭ بۈگۈنى ۋە ئۆتمۈشى ھەققىدە .................. لىۋچېڭ (80)
سۈزۈك ئېقىن سۈيىنى ئىچكەن چېگرا شەھەر — غۇلجا شەھەر تۇرۇبا سۈيى
شىركىتى تەرەققىياتىدىن قىسقىچە بايان ...... خو گويىڭ، ۋاڭ جەنگاڭ (106)
غۇلجا شەھەر ئېلېكتر كەسپىي تەرەققىياتىنىڭ قىسقىچە
ئەھۋالى ................................................ دىڭ گۇۋسەن (113)
غۇلجا شەھەرلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتىنى باشقىدىن قۇرۇپ چىقىشنىڭ ئالدى
ۋە كەيىندىكى ئەھۋالى ................................. دوڭ مىنيى (117)
ئىلى هاراق زاۋۇتىنىڭ قىسقىچە تارىخى ................ جائىڭفى (123)
ھەر مىللەت خەلقلىرى بىلەن قەلبداش — ئىلى ئوپكومىنىڭ سابىق شۇجىسى
يولداش جاڭ شىگۇڭ ھەققىدە .............................. لى رۇبىڭ (127)

ئىلى مائارىپىغا تۆھپە قوشقان تەرەققىپەرۋەر زات — ئابدۇمۇتائالى خەلپەم
ھەزرەت توغرىسىدا ئەسلىمە ............................. ئەدىھەم (133)
شىنجاڭ نەسىللىك ئىنچىكە يۇڭلۇق ئاق قوينى يېتىشتۈرگەن
ئەزىمەت ................................. پوراش ئېشىنتايوف (142)
ئۇيغۇبېي ..................................... لى روبىڭ (149)
قازاق تېڭىقچىسى ساسكە توغرىسىدا ........... پوراش ئېشىنتايوف (160)

# تارىخىي ماتېرىياللىرى بۇ سانىنىڭ نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشى ھەققىدە بىر - ئىككى ئېغىز سۆز.

سىياسىي كېڭەش غۇلجا شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى گۇشۇنفا.

شەھەرلىك پارتكومنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە ۋە تارىخىي ماتېرىياللىرى كومىتېتى مۇئاۋىن مۇدىرى يولداش ماۋنيۇەننىڭ ئىخلاس بىلەن غەيرەت قىلىپ تىرىشىشى ۋە يولداشلارنىڭ، ئالاقىدار جەھەتلەرنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللاپ ھەمدەم بولۇشى ئارقىسىدا، تارىخىي ماتېرىياللىرىنىڭ خەنزۇچە 5 - سانى، ئۇيغۇرچە 4 - سانى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تەڭ نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى، بۇ سانىنىڭ تارقىتىلىشى ــــ سىياسىي كېڭەش پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرى بىلەن بىرلىكتە شىاڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن تەقدىم قىلغان قىممەتلىك بىر سوۋغىسى.

شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش شىاڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن تارىخ ماتېرىياللىرىنىڭ بۇ سانىنى ئالدىن نەشر قىلىپ تارقاتتى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ بارلىق ھەيئەت ئەزالىرىنى، شەھىرىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار ئاممىسىنى چىن قەلبىمدىن تەبرىكلەيمەن.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش ھەققىدىكى بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىپ، ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈشنى، تۈرلۈك كاشىلىلارنى قەتئىي تۈگىتىپ، مىللەتلەر ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىش، ئۆز ئارا ئۆگىنىش، ئۆز ئارا ياردەم بېرىش، ئۆز ئارا قوللاش، ئۆز ئارا چۈشىنىش دوستلۇقىنى چىڭىتىپ، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشنى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە، تېخىمۇ پۇختا، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىشلەپ، شەھىرىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئالغا ئىلگىرىلىتىش بىلەن ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ماددىي-مەدەنىي

تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يىلسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن، ئىتتىپاقلىق — كۈچ. شەھىرىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرى سەممىي ئىتتىپاقلاشقاندىلا، بەختلىك، خاتىرجەم، باياشات گۈزەل كېلەچەككە يېتەلەيمىز.

مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن تارىخ ماتېرىياللىرى بۇ سانىنىڭ ئۇڭۇشلۇق نەشىر قىلىنىپ تارقىتىلىشىغا كۈچ چىقىرىپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن يولداشلارغا ئالىي ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، سەممىي رەھمەتلەرنى ئېيتىمەن. يولداشلارنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىنىڭ نەشىر قىلىنىپ تارقىتىلىش خىزمىتىگە داۋاملىق كۆڭۈل بۆلۈپ، شەھىرىمىزنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرى خىزمىتىنى ھازىرقى ئاساسىدا يەنىمۇ ئالغا ئىلگىرىلىتىپ، بىرلىكسەپ خىزمىتى ئۈچۈن، تارىخ تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن يەنىمۇ ياخشى خىزمەت كۆرسىتىشىگە تىلەكداشمەن.

# غۇلجا شەھەرنىڭ مەمۇرىي رايونلارغا بۆلۈنۈش ئەھۋالى.

## خۋاڭ داچاڭ

غۇلجا شەھەر بۇرۇن غۇلجا ناھىيە (نىڭيۈەن ناھىيە) سىنىڭ قەلئە رايونى ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى نىڭيۈەن ناھىيىسى ئون يېزا، 57 مەھەللە (ئادەتتە يوزلۇك ئاتالغان) قىلىپ ئايرىلغان. مىنگونىڭ 6- يىلى (1917- يىلى) بۇ ناھىيە تەرەققىي قىلىپ، 84 يۈزى بولدى. بۇنىڭدىن قەلئەگە تەۋەلىرى: باش يۈزى، كېپەك يۈزى، توغراق، چىڭپەگزە، باياندايى، سەيدەنلەر ئىدى. مىنگونىڭ 32- يىلى 10- ئايدىن 12- ئايغىچە يېزا، جىڭ (بازار)، باۋ (گومىنداڭ دەۋرىدە ئاھالە رويخېتىنى باشقۇرۇش، يەنى يۈز تۈتۈنلۈك تۈزۈم -ت). جا(ئون ئۆيلۈك نوپۇس رويخېتىنى باشقۇرۇش تۈزۈمى-ت) قىلىپ تۈزۈلدى. غۇلجا ناھىيە قەلئەسى توققۇز جىڭ (بازار) 119 باۋ، 1072 جاغە ئايرىلدى جەمئى ئاھالىسى 18595 ئائىلە، يېزىلار بولسا، سەككىز يېزا، 102 باۋ، 1072 جاغە ئايرىلىپ ئاھالىسى 13406 ئائىلە بولدى.

1934- يىلى ئىلى بوز يەر ئېچىش ئەمەلدارى مەھكىمىسى ئەمەلدارى چۇ-زوڭ روڭ بوز يەر ئېچىش ئەمەلدار مەھكىمىسىنى خۇييۈەن (كۈرە) قەلئەسىدىن غۇلجا ناھىيە قەلئەسىگە كۆچۈرۈپ كەلدى. قەلئە رايونى «غۇلجا شەھەر» ئاتالدى. (شۇ چاغدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» مۇشۇنداق ئاتىغانىدى).

1945- يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، غۇلجا ناھىيىسىدە، ئون رايون تەسىس قىلىندى، ناھىيە قەلئەسى بەش رايون، يېزىلىرىمۇ بەش رايونغا ئايرىلدى. رايونلارنىڭ قارمىقىدا «مىڭ بەگ» (مىڭ تۈتۈنگە قارايدۇ)، كەنتلەر قارمىقىدا «يۈز بەگ» (يۈز تۈتۈنگە قارايدۇ) تەسىس قىلىنىپ ئاھالە ئىشلىرىنى باشقۇردى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950- يىلى مىڭ بەگ، يۈز بەگ تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدى. 1952- يىلى 5- ئاينىڭ 23- كۈنى غۇلجا ناھىيىسىدىن غۇلجا

شەھەرنى ئايرىپ چىقىپ ئايرىم ھالدا شەھەر قىلىپ تەسىس قىلدى. شەھەر قارمىقىغا ئۆتكەن رايونلار غۇلجا ناھىيىسىنىڭ بۇرۇنقى 1- رايونى (يېڭى شەھەر رايون بولدى، ئون مەھەللە، بىر تەرەققىي يېزا بار)، 2- رايون (بازار رايونى بولدى، سەككىز مەھەللە بار، ئورنى ھازىرقى ئازات يولىنىڭ شىمالىدا)، 3- رايون (سەككىز مەھەللە، بىر ئازات يېزا بار)، 4- رايون (شەھەر ئىچى يەتتە مەھەللە بار، ھازىرقى ئايدۆڭ) 5- رايون (سەككىز مەھەللە بار، ھازىرقى قازانچى) غۇلجا شەھىرىنىڭ تۆت تەرەپ چېگرىسى: شەرقى جىرغىلاڭ كۆرۈكىگىچە؛ غەربى، ئىلى - ئۈرۈمچى تاش يولىنىڭ كونا چىقىش تەرىپىدىن باش كۆۋرۈكىگىچە؛ جەنۇبى، ئىلى دەرياسىغىچە؛ شىمالى ئاق ئۆستەڭ بويىغىچە باردۇ. شەرقتىن - غەربكىچە ئۇزۇنلىقى 10.2 كىلومېتر، جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان ئارىلىق كەڭلىكى 10.8 كىلومېتر، ئىگىلىگەن ئومۇم يېرى 10.16 كۋادرات كىلومېتر كېلىدۇ.

1953- يىلى 9- ئاينىڭ 19- كۈنى شەھەرگە تەۋە بولغان بەش رايون ئىككى يېزا، سەككىز رايون ئىككى يېزا قىلىپ تەڭشەلدى. بۇرۇنقى 1- رايونىنىڭ 1، 4، 8، 9- مەھەللىسى 1- رايون قىلىپ تەسىس قىلىندى. بۇرۇنقى 1- رايونىنىڭ 2، 3، 5، 6، 10، 11- مەھەللىسى 2- رايون قىلىپ تەسىس قىلىندى. بۇرۇنقى 1- رايونىنىڭ 7- مەھەللىسى دېھقانچىلىق يېزىسى قىلىپ ئايرىلىپ، 2- رايون قارمىقىدا بولدى. بۇرۇنقى 2- رايونىنىڭ 1، 2، 3، 4- مەھەللىسى 3- رايون قىلىپ تەسىس قىلىندى. بۇرۇنقى 2- رايونىنىڭ 6، 7- مەھەللىسى، بۇرۇنقى 4- رايونىنىڭ 1، 2، 3- مەھەللىسى ۋە بۇرۇنقى 3- رايونىنىڭ 1- مەھەللىسى 4- رايون قىلىپ تەسىس قىلىندى. (بۇ سودا رايونى بولدى) بۇرۇنقى 5- رايون 1، 2، 3، 4، 5، 6- مەھەللىسى 6- رايون قىلىپ تەسىس قىلىندى.

بۇرۇنقى 3- رايونىنىڭ 3، 4، 6، 7، 8- مەھەللىسى 7- رايون قىلىپ تەسىس قىلىندى، بۇرۇنقى 3- رايونىنىڭ 5- مەھەللىسى دېھقانچىلىق يېزىسى قىلىپ ئايرىلىپ، 7- رايون قارمىقىدا بولدى. بۇرۇنقى 2- رايونىنىڭ 5، 8- مەھەللىسى ۋە بۇرۇنقى 3- رايونىنىڭ 2، 9- مەھەللىسى 8- رايون قىلىپ تەسىس قىلىندى. 1954- يىلى 8- ئايدا، سەككىز رايون بىرلەشتۈرۈلۈپ، يېڭىۋاشتىن بەش رايون قىلىپ تەسىس قىلىندى. بۇرۇنقى 1، 2- رايون بىرلەشتۈرۈلۈپ 1- رايون قىلىپ تەسىس قىلىندى. بۇرۇنقى 3- رايونىنىڭ نامى 2- رايون قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. بۇرۇنقى 7- رايونىنىڭ نامى 3- رايونغا ئۆزگەرتىلدى. بۇرۇنقى 5- رايونىنىڭ نامى 4- رايونغا ئۆزگەرتىلدى.



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

بۇرۇنقى 6- رايوننىڭ نامى 5- رايونغا ئۆزگەرتىلدى. 7، 8- ئىككى رايون ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قارىسىقىدىكى مەھەللىلەر 2، 3، 4- رايونلارغا ئايرىپ بېرىلدى.

1955- يىلى 12- ئاينىڭ 15- كۈنى 1- رايون نامى يېڭى شەھەر رايونى، 2- رايون نامى بازار رايونى، 3- رايون نامى قارادۆڭ رايونى، 4- رايون نامى شەھەر ئىچى رايونى، 5- رايون نامى قازانچى رايونىغا ئۆزگەرتىلدى.

بۇ چاغدا غۇلجا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت يەنىلا شەھەردە تۇرۇۋەردى.

1957- يىلى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت جىلىلىيۈزىگە كۆچۈپ كەتتى. شۇندىن ئېتىبارەت شەھەر بىلەن ناھىيە تامامەن ئايرىلىپ بولدى.

1958- يىلى 10- ئايدا خەلق گوڭشېلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى. غۇلجا شەھىرىنىڭ 1، 2، 3، 5- رايونلىرى ئايرىم ھالدا شەھەرگە تەۋە قىزىل يۇلتۇز، دوڭ فېڭ(شەرق شامىلى) بەخت، قىزىل بايراق قاتارلىق تۆت خەلق گوڭشېسى بولۇپ قۇرۇلدى، 4- رايون شەھەر رايونىغا ئۆزگەرتىلدى، كېيىن چىڭچۈەن (سۇزۇك بۇلاق) خەلق گوڭشېسى قىلىپ قۇرۇلدى. قىزىل يۇلتۇز گوڭشېسىغا تۆت ئىشلەپچىقىرىش دادۈي، 18 ئىشلەپچىقىرىش دۈي ۋە تۆت ئاھالە كومىتېتى قارىدى. ئورنى سايىنىڭ غەربىدە بولۇپ، يەر چېگرىسى: خەلق باغچىسىنىڭ كۈن چىقىشى ئەخمەتجان ئاھالە كومىتېتى ۋە چوڭ تاش يولىنىڭ كۈن پېتىشتىكى قىزىل يۇلتۇز ئاھالە كومىتېتى بىلەن ئايرىلدى. بۇ گوڭشې يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللاندى. دوڭ فېڭ گوڭشېسىغا ئىككى ئاھالە كومىتېتى تۆت مەھەللە قارىدى. بەخت گوڭشېسىنىڭ ئورنى قارادۆڭ تەۋەسىدە بولۇپ، سەككىز ئىشلەپچىقىرىش دادۈي 44 ئىشلەپچىقىرىش دۈي ۋە تۆت ئاھالە كومىتېتى قارىدى. يېزا ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللاندى، يەر چېگرىسى: بوينى كېسىكنىڭ كۈن پېتىش تەرىپى، ھەيرانباغنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى 4، 5- ئىككى مەھەللە، يېڭى ئاۋات ئاھالە كومىتېتى ۋە 1- ئىشلەپچىقىرىش دادۈيىنىڭ سول تەرىپىدىكى 4- ئوتتۇرا مەكتەپ، بىرلەشمە دوختۇرخانە قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن ئايرىلدى. قىزىل بايراق گوڭشېسىنىڭ ئورنى قازانچىدا بولۇپ، بەش ئىشلەپچىقىرىش دادۈي قارىدى. يەر چېگرىسى: چىلەك مەھەللىسىدىن قىزىل بايراق گوڭشېسى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ سول تەرىپى قازانچى، تېرەك مازار ئەتراپى بىلەن ئايرىلدى. شەھەر رايونىغا 11 ئاساسىي قاتلام ئاھالە كومىتېتى قارىدى. شۇ يىلى غۇلجا ناھىيە 5- رايوننىڭ بىر يېزىسىنى (توغراق) غۇلجا شەھەر بەخت گوڭشېسىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. بۇ يېزا ئىشلەپچىقىرىش دادۈي قىلىپ تەسىس قىلىندى.

1959- يىلى 5- ئاينىڭ 19- كۈنى شەرق شاملى گوڭشېسى بىلەن بەخت گوڭشېسى بىرلەشتۈرۈلدى. نامى بەخت گوڭشېسى ئاتالدى. شەھەر رايونى چىڭچۈەن ( سۇزۇك بۇلاق) گوڭشېسى ئاتالدى.

1960- يىلى 4- ئاينىڭ 22- كۈنى قىزىل يۇلتۇز گوڭشېسىنىڭ يېڭى، ئەخمەتجان، قىزىل يۇلتۇز، ئايرودروم قاتارلىق تۆت ئاھالە كومىتېتى بەخت گوڭشېسىنىڭ يېڭى ئاۋات، سادىر قاتارلىق ئىككى ئاھالە كومىتېتى بۇرۇنقى 2- رايوننىڭ 2، 4، 6، 8- 5- مەھەللىنىڭ بىر قىسمى، بۇرۇنقى 3- رايوننىڭ 2، 4، 5- مەھەللىسى، قىزىل بايراق گوڭشېسىنىڭ 2، 3- مەھەللىسى ۋە قازانچى ئاھالە كومىتېتىنىڭ بىر قىسمى چىڭچۈەن گوڭشېسىغا ئايرىپ بېرىلدى. قارىمىقىدا 24 ئاھالە كومىتېتى بولدى.

1963- يىلى چىڭچۈەن گوڭشېسىنىڭ نامى فەنشۇ گوڭشېسىغا ئۆزگەرتىلدى.

1965- يىلى بەخت گوڭشېسىنىڭ 8- داۋيىنى ئايرىپ چىقىپ توغراق گوڭشېسى قىلىپ تەسىس قىلدى. (1967- يىلى دوڭ فېڭ گوڭشىسىغا ئۆزگەرتىلدى).

1969- يىلى 12- ئايدا ئىلى ئوبلاستلىق ئۇنۇۋېرسال دېھقانچىلىق مەيدانى غۇلجا شەھەرگە ئايرىپ بېرىلدى. 1975- يىلى 5- ئايدا باغۋەنچىلىك مەيدان ئىلى ۋىلايىتىگە بىۋاستە قاراشلىق قىلىپ ئايرىپ بېرىلدى. 1978- يىلى باغۋەنچىلىك مەيدان قايتا غۇلجا شەھەرگە قايتۇرۇپ بېرىلدى.

1971- يىلى 3- ئايدا ئىلى يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات ئورنى قارىمىقىدىكى كىپەك يۈزنىڭ ئۈچ ئىشلەپچىقىرىش داۋيى غۇلجا شەھەرگە ئايرىپ بېرىلدى. شەھەرلىك ئۇنۇۋېرسال دېھقانچىلىق مەيدان قىلىپ قۇرۇلدى. 1975- يىلى 10- ئايدا شەھەرنىڭ ئۇنۇۋېرسال دېھقانچىلىق مەيدانى ئىتتىپاق گوڭشېسى قىلىپ قۇرۇلدى.

1972- يىلى ئىلى ئوبلاستلىق سۇ ئىشلار باشقارمىسىنىڭ بېلىقچىلىق بازىسى غۇلجا شەھەرگە ئايرىپ بېرىلدى. (ھازىرقى بېلىقچىلىق تەجرىبە مەيدان، بېلىقچىلىق فېرمىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ).

1975- يىلى 2- ئايدا، غۇلجا ناھىيە قىزىل بايراق گوڭشېسى غۇلجا شەھەرگە ئايرىپ بېرىلىپ بايانداي خەلق گوڭشېسى ئاتالدى. شۇ يىلى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ فەنشۇ چارۋىچىلىق مەيدانى غۇلجا شەھەرگە ئايرىپ بېرىلىپ، يەنىلا فەنشۇ چارۋىچىلىق مەيدان ئاتالدى.

1974- يىلى 4- ئايدا چىڭچۈەن گوڭشېسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، فەنشۇ رايونى

( شۇ يىل 7- ئايدا رايون ئاتاشقا ئۆزگەرتىلدى) ۋە ئىتتىپاق گوگشىپىسى ئايرىم - ئايرىم تەسىس قىلىندى. 1976- يىلى 10- ئايدا ئىتتىپاق گوگشىپىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ 2- رايون قۇرۇلدى. 1985- يىلى 3- ئايدا 1- رايوننىڭ نامى ساي بويى مەھەللە باشقارمىسى قىلىپ ئاتالدى. قارىمقىدا 13 ئاساسىي قاتلام كومىتېتى بولدى. 1984- يىلى گوگشي بىلەن ھاكىمىيەت ئايرىلدى، بۇرۇنقى قىزىل يۇلتۇز گوگشىپىسى (1980- يىلى خەنبىڭ گوگشىپىسى ئاتالغان) خەنبىڭ يېزىسى قىلىپ قۇرۇلدى. دوڭ فېڭ گوگشىپىسى (1981- يىلى توغراق گوگشىپىسى ئاتالغان) توغراق يېزىسى قىلىپ قۇرۇلدى. كېپەك يۈزى گوگشىپىسى، كېپەك يۈزى يېزا قىلىپ قۇرۇلدى. بۇرۇنقى قىزىل بايراق گوگشىپىسى (1978- يىلى تاش كۆۋرۈك يېزىسى قىلىپ قۇرۇلدى. بەخت گوگشىپىسى قارا دۆڭ يېزىسى قىلىپ قۇرۇلدى. باياندای گوگشىپىسى ئايرىم ھالدا باياندای يېزىسى ۋە يېگىيەر يېزىسى قىلىپ تەسىس قىلىندى. فەنشۇ چارۋىچىلىق مەيدان چەيلەگزە چارۋىچىلىق مەيدانىغا ئۆزگەرتىلدى.

1989- يىلى 4- ئايدا بۇرۇنقى سايبويى مەھەللە باشقارمىسى ئايرىم ھالدا، سايبويى، ھەيرەمباغ ۋە دۆڭ مەھەللە قاتارلىق ئۈچ مەھەللە باشقارمىسى قىلىپ تەسىس قىلىندى. بۇرۇنقى چوڭ كۆۋرۈك مەھەللە باشقارمىسى ئايرىم ھالدا چوڭ كۆۋرۈك، قازانچى ۋە دۆلەتباغ قاتارلىق ئۈچ مەھەللە باشقارمىسى قىلىپ تەسىس قىلىندى. بۇرۇنقى25 ئاساسىي قاتلام كومىتېتى 54 ئاساسىي قاتلام كومىتېتى قىلىپ تەگشەلدى. 1996- يىلى باياندای يېزىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، باياندای جىڭ (بازار) قىلىپ تەسىس قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن غۇلجا شەھەرگە ئالتە مەھەللە باشقارمىسى، ئالتە يېزا، بىر جىڭ ( بازار) ۋە ئۈچ مەيدان قارايدىغان بولدى. بۇلارغا تەۋە بولغان رايون ۋە ئاساسىي قاتلام ئاھالە كومىتېت تەشكىلاتلىرى تۆۋەندىكىچە:

1- مەھەللە باشقارمىلىرى.

سايبويى مەھەللە باشقامىسى: ئورنى شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىدا بولۇپ، شەرقى تەرىپى ئايرودروم يولىدىن باشلىنىپ، غەربىي ئازات يول، ۋە ئەخمەتجان كوچىسىغىچە بارىدۇ. شىمالى ئاۋئاتسىيە باغچىسىدىن باشلىنىپ، جەنۇبىدا ئوبلاستلىق ج، خ ئىدارىسىنىڭ ئارقا كوچىسىدىكى ئۆستەڭگىچە بىرىپ ئۇزۇنچاق شەكىل ھاسىل قىلغان. يېرى 3.28 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. قارىمقىغا ئۈچ دەرۋازا، كۆچەتزارلىق، قۇدۇق مەھەللە، سايبويى، ئايرودرومنىڭ ئۆستىدىكى يېگى مەھەللە، مال بازار، سايباغ قاتارلىق ئون ئاھالە كومىتېتى قارايدۇ. تەۋەسىدىكى ئاساسلىق كوچىلاردىن ئايرودروم كوچىسى،

ئازات يول، ستالىن كوچا ئىككى بېشىدىكى بۆلىكى، ئىشچىلار كوچىسى ۋە بۇندىن باشقا 68 چوڭ-كىچىك يان كوچىلار بار.

ھەيرەمباي مەھەللە باشقارمىسى: ئورنى شەھەرنىڭ شىمالىدا بولۇپ، شەرقى تەرىپى، شەرقى بېكەت تومىدىن باشلىنىدۇ، غەربى ئايرودروم يولى، شىمالى ئايرودروم يولىدىن جەنۇبىدا شىنخۇا غەربى يولىنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە بارىدۇ. قارمىقىدا ھەيرامباغ، ئالتۇنلۇق، بايكۆل، ئالما بازار، توغرى كۆۋرۈك، ئودا مەھەللە، سۇدەرۋازا، شەھەر ئىچى، بوستان قاتارلىق توققۇز ئاھالە كومىتېتى بار. تەۋەسىدە ئايرودروم يولى، يېڭى ھايات كوچىسى شىنخۇا غەربى يول، (ئورتا قىسمى) غالىبىيەت كوچا. قىزىل بايراق كوچا، ستالىن كوچا شەرقى بۆلۈكى، ئازات يولىنىڭ جەنۇبى بۆلۈكى، تىيانشان ئارقا كوچا قاتارلىق ئاساسلىق كوچىلار ۋە چوڭ - كىچىك 94 باشقا يان كوچىلار بار.

دۆڭمەھەللە باشقارمىسى: غەربى ئىلى2- يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسىغا يېتىدۇ. شىمال تەرىپى ھەر سىرتى ئايلانما تاش يول (قوغداش لەن) دىن جەنۇبىدا ئىلى دەريا بويىدىكى 4- دېۋىزىيە ئەترابىغىچە بارىدۇ. قارمىقىدا، ئازات يول، باش كۆۋرۈك، ئالتەشوئار مەھەللە، سايرام كوچا، پۇشمان مەھەللە، شەرق مەھەللە، تەرەققىي يېزا، دۆڭمەھەللە، باي كوچا، خۇمدان مەھەللە قاتارلىق ئون ئاھالە كومىتېتى بار. تەۋەسىدە ئەخمەتجان كوچىسى، ئازات يولىنىڭ غەربى بۆلىكى، شىنخۇا غەربى يول،تاڭنۇر كوچىسى، ئىشچىلار كوچىسى، باغ كوچىسى، تەرەققىي يېزا، دۆڭمەھەللە، سايرام كوچىسى قاتارلىق 18 ئاساسلىق كوچا، بۇندىن باشقا چوڭ - كىچىك 100 گە يېقىن تار كوچىلار بار.

چوڭ كۆۋرۈك باشقارمىسى: ئورنى ئايرودرومنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ، شەرقى تەرىپى قارادۆڭ يېزىسىدىن باشلىنىدۇ. غەربى تەرىپى قىزىل بايراق يولىغا بېرىپ تۇتىشىدۇ. شىمالى يېڭى ھايات مەھەللىسىنىڭ شەرقىدىكى بېكەتكە يېتىپ بارىدۇ. جەنۇبى تەرىپى 3- ئوتتا مەكتەپ، 4 كوچا ئېغىزىغا كېلىدۇ، جايلىشىشى سۈنئىي شەكىلنى ھاسىل قىلغان. قارمىقىدا توپادەڭ، ئىتتىپاق، دوڭلياڭ، ھەدىل يۈزى، ئاچال، يېڭى ھايات، بوينى كېسەك، سامان كوچا، تاختىيون مەھەللە، خەنزۇ بازىرى قاتارلىق ئون ئاھالە كومىتېتى بار. ئاساسلىق كوچىلاردىن يېڭى ھايات كوچىسى، شىنخۇا شەرقى يول، دوڭلياڭ كوچىسى، بەخت كوچىسى، قىزىل بايراق كوچىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكى، غالىبىيەت كوچىنىڭ جەنۇب بۆلىكى قاتارلىقلار بار.

قازانچى مەھەللە باشقارمىسى: شەھەرنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ، شەرقى تەرىپى يېڭى

يولدىن باشلىنىدۇ. غەربى ياماچاڭغا يېتىپ بارىدۇ. شىمالى شىنخۇا شەرقى يولغا كېلىدۇ. جەنۇبى تەرىپى ئىلى دەرياسىغا تۇتىشىدۇ، ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ. قارىمىقىدا، ئاغۇ مەھەللە، قارانچى، تۆت دۇكان، يېڭى سۇ، مويكا مەھەللە، ئايدۆڭ، ئىلى دەرياسى، ناغرىچى قاتارلىق توققۇز ئاھالە كومىتېتى بار. تەۋەسىدە ئىلى دەريا يولى، ئىلى كوچىسى، ئايدۆڭ كوچىسى، باغ كوچا، ئالغا كوچا، يېڭى يول كوچىسى، قاتارلىق سەككىز ئاساسلىق كوچا ۋە 68 چوڭ ـ كىچىك بان كوچىلار بار.

دۆلەتباغ مەھەللە باشقارمىسى:

ئورنى شەھەرنىڭ شەرقى قىسمىدا بولۇپ، شەرقى تەرىپى قارادۆڭدىن باشلىنىپ، غەربىدە شەھەرلىك سودا ـ سانائەت باشقۇرۇش ئىدارىسىغىچە بارىدۇ. شىمالدا شىنخۇا شەرقى يولىنىڭ 100 مېتىرچە جەنۇبىغا يېتىپ بارىدۇ. جەنۇبى ئالغا كوچىسىغىچە يېتىدۇ. قارىمىقىدا، تاقىچىلىق، قارا دۆڭ، توپچى مەھەللە، يېڭى ئاۋات، كۆكچىلىك، تۆت كۆۋرۈك يەتتە ئاھالە كومىتېتى بار. بۇ ئەڭ كىچىك مەھەللە باشقارمىسى ھېسابلىنىدۇ. تەۋەسىدە چوڭراق كارخانىلار يوق، ئاھالىسى ئىچىدە كادىر ۋە ئىشچى-خىزمەتچى بولغانلار نىسبىتى ئانچە كۆپ ئەمەس.

2 ـ يېزا، جىڭ، مەيدانلار

خەنبىڭ يېزىسى: ئورنى شەھەرنىڭ غەربى جەنۇبىدا بولۇپ، شەرقى مېرىدىئان 81°12'12"~81°12'56"، شىمالى كەڭلىك 43°53'46"~43°57'50" غا توغرا كېلىدۇ. شەرقى تەرىپى تاش كۆۋرۈك يېزىسىغا خوشنا بولۇپ، غەربى بايانداي يېزىسىغا تۇتىشىدۇ. شىمالدا غۇلجا ناھىيىسىنىڭ دادامتۇ يېزىسىغا خوشنا كېلىدۇ. جەنۇبىدا ئىلى دەرياسىغىچە بارىدۇ. شەرقىدىن غەربىگىچە ئۇزۇنلۇقى 8.24 كىلومېتىر، جەنۇب ۋە شىمال ئارىلىقىدىكى ئەڭ كەڭ يېرى 7.6 كىلومېتىر، يېرىنىڭ ئومۇم كۆلىمى 32.02 كۋادرات كىلومېتىر(48 مىڭ موغا تەڭ) تېرىلغۇ يېرى 28240 مو، باغ يېرى 4170 مو، ئولكە يېرى 3745 مو كېلىدۇ. يېزىلىق ھۆكۈمەت خەنبىڭ يېزىسىغا ئورۇنلاشقان. شەھەرنىڭ مەركىزى بىلەن بولغان ئارىلىقى ئۈچ كىلومېتىر بولۇپ، قارىمىقىدا چىڭپەڭزە، شەرق مەھەللە، دۆڭ مەھەللە، تەرەققىي يېزا، باش كۆۋرۈك، يېڭى مەھەللە ۋە خەنبىڭ قاتارلىق يەتتە كەنت كومىتېتى 33 ئاھالە گۇرۇپپىسى بار. خەنبىڭ يېزىسى بۇرۇن قارا بۇلاق، چىڭپەڭزە ئاتىلىپ كەلگەن. چىڭ سۇلالىسى چيەنلوڭنىڭ 45 ـ يىلى (1780 ـ يىلى ) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇ يەرگە ئىلى

توققۇز قەلئەسىنىڭ بىرى بولغان شىچۈن قەلئەسىنى سالدۇردى. (كونا ئۇرنى چىڭپەڭزە كەنتى) قەلئەدە بىرنەچچە يۈز دېھقانچىلىق قىلىدىغان يېشىل تۇغلۇق خەنزۇ چېرىكلەر يېڭى (باتالىيون) تۇرغان. 100 نەچچە يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قارا بۇلاقنى كىشىلەر خەنبىڭ ئاتايدىغان بولۇپ قالغان.

باياندای جىڭ (بازار) ئۇرنى غۇلجا شەھەرىنىڭ غەربىدە بولۇپ، شەرقى مېردىئان 81°16′~81°16′ شىمالى كەڭلىك 43°57′~44°19′ غا توغرا كېلىدۇ. شەرقىدە خەنبىڭ يېزىسى بىلەن خوشنا كېلىدۇ. غەربىدە يېڭى يەر بىلەن تۇتاشقان. جەنۇبىدا ئىلى دەرياسىغا يېتىپ بارىدۇ. شىمالدا قورغاس ناھىيىسى ۋە غۇلجا ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شەرقتىن غەربكىچە ئەڭ كەڭ يېرى 10.2 كىلومېتر، جەنۇب ۋە شىمالىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 47 كىلومېتر، ئىگىلىگەن ئومۇم يېرى 244.06 كۋادرات كىلومېتر (366094 موغا تەڭ) جىڭلىق ھۆكۈمەت ئورنى باياندايغا جايلاشقان. شەھەر مەركىزى بىلەن بولغان ئارىلىقى سەككىز كىلومېتر كېلىدۇ. قارىمىقىدا گاڭگۇل، سەندەن، يېڭى مەھەللە، باياندای، تۆمۈركان جىلغىسى، سۇلۇق ئالمۇتا، دۆڭمازار قاتارلىق كەنت كومىتېتى 44 ئاھالە گۇرۇپپىسى بار. باياندای موڭغۇل تىلىدا باياشات دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. باياندای نامى بۇرۇن بويانتاي، بايىنداي دەپمۇ ئاتىلىپ كەلگەن. چىڭ سۇلالىسى چيەنلوڭنىڭ 31- يىلى (1766- يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇ يەرگە ئىلى ٩ قەلئەسىنىڭ ئىچىدە ئەڭ چوڭ قەلئە بولغان خۈيىنىڭ (باياندای) قەلئەسىنى سالدۇرغان. بۇ يەر ئاغلاغچى ئامبال ۋە مانجو يېڭى (باتالىيون) تۇرىدىغان جاي بولغان. چاروسىيە تاجاۋۇزچىلىق يۈرگۈزۈپ ئىلىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، خۈيىنىڭ قەلئەسى خانى - ۋەيران قىلىپ خارابىغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن.

يېڭى يەر يېزىسى: ئورنى غۇلجا شەھەرىنىڭ غەربىدە بولۇپ، شەرقى مېردىئان 81°16′~81°06′ شىمالى كەڭلىك 43°64′~43°85′ غا توغرا كېلىدۇ. شەرقىدە باياندای جىڭغا ، غەربىدە چەيلەڭزە چارۋا مەيدانىغا تۇتۇشىدۇ. جەنۇب ۋە شىمالىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 23 كىلومېتر، شەرق ۋە غەرب ئارىلىقىنىڭ ئەڭ كەڭ يېرى 11 كىلومېتر، جەنۇبى كەڭ، شىمالى تار بولۇپ ئۇزۇنچاق شەكىلدە جايلاشقان. ئىگىلىگەن يېرى 70.51 كۋادرات مېتر، (تەخمىنەن 105.768 موغا تەڭ) كېلىدۇ. يېرىنىڭ شىمالى قىسمى ئېگىز، جەنۇبى قىسمى پەس، دېڭىز يۈزىدىن 1200~621 مېتر ئېگىز كېلىدۇ، يېزىلىق ھۆكۈمەت يېڭى يەرگە ئورۇنلاشقان، شەھەر مەركىزى بىلەن ئارىلىقى 15 كىلومېتر كېلىدۇ. قارىمىقىدا يېڭى يەر، چەيلەڭزە، لوچىدەن، ئالمۇتۇيار قاتارلىق تۆت



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com